1 ـ قسسم

# ئلاه (خوُدا)

# ئىلاھنىڭ خاراكتېرى

● مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىۋاتقان ئىلاھنى مەسىھلەر[①] ۋە يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاش بىر ئىلاھ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 64-ئايەت، 29-سۈرە 46-ئايەت)

● مۇسۇلمانلار ئىلاھنىڭ ئىسمىنى ئاللاھ دەپ ئاتايدۇ، بۇ يەھۇدىيلار ۋە مەسىھلەرنىڭ تىلىدىكى ئىلاھىم (Elohim) دىگەن ئاتالغۇنىڭ ئەرەپچىسىگە يېقىن كېلىدۇ. ئەمما، تەۋراتتا خۇدانىڭ خاس ئىسمى «يەھۋا» (**YHWH**) دەپ ئاتالغان بولۇپ، مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمىدا (تەۋراتتا) بۇ نام 6828 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئىلاھىم دىگەن ئاتالغۇ بولسا 2600 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. (ئەمما ئاللاھ دىگەن سۆز يوق)

## مۇقەددەس كىتاپ[②] ۋە قۇرئاندىكى خۇدانىڭ نامى

● ئىلاھىم (Elohim) دىگەن سۆز تەۋراتتا خۇدانىڭ خاس نامى بولماستىن بەلكى بىر خىل تەسۋىرى ئاتالغۇسىدۇر. بۇ ئاتالغۇ خۇدانىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە يات دىنىنىڭ ئىلاھلىرىغا، ھەتتا تارىختىكى بەزى ئادەملەرگىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز ئىبرانى تىلىدا كۆپلۈك (ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق) سانىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى ئېلى ( Eli ).

● ئىبرانى تىلىدىكى[③] ئېلى ياكى ئىلاھىم دىگەن ئاتالغۇ بىلەن گىرىك تىلىدىكى تېئوس (Theos ) ، خەنزۇ تىلىدىكى (神) ئوخشاش بىر مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئىلاھ دەپ قوبۇل قىلىنغان. قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئىلاھنى تەڭرى دەپ ئاتايتى.

● «يەھۋا» ( **YHWH** ) بولسا مۇقەددەس كىتاپتىكى خۇدانىڭ خاس نامى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى « مەڭگۈ بار بولغۇچى» دۇر. پەرۋەردىگار خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە كۆرۈنگەندە ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەھۋا، ئەجدادىڭ

---

① مەسىھلەر: يەنى خرىستىيانلار. ئىبرانى تىلىدىكى مەسىھ (قۇتقۇزغۇچى) دىگەن سۆز گىرىك تىلىدا خرىستوس دەپ ئاتالغان، شۇ سەۋەپتىن ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر ياۋرۇپادا خرىستىيانلار دەپ ئاتالغان. قۇرئاندا مەسىھلەرنى ناسارالار دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەمىلىيەتتە يەھۇدىيلار ئارقىلىق كەلگەن بولۇپ، ئەيسا مەسىھنىڭ يۇرتى ناسىرە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەزكۇر تەرجىمىدە ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر «مەسىھلەر» دەپ ئېلىندى.

② مۇقەددەس كىتاپ: مۇسۇلمانلار «كىتابۇل مۇقەددەس» دەپمۇ ئاتايدۇ، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ توپلىمى. خەنزۇچە 《圣经》 ، ئىنگلىزچە <Bible> دىيىلىدۇ.

③ ئىبرانى تىلى: يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرى ئىبرانىلار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىبرانى تىلى دىگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كىلىپ چىققان.

ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئىلاھ، بۇ مىنىڭ مەڭگۈلۈك نامىم » (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 3 ـ باب 15 ـ ئايەت). تەۋرات،زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا خۇدانىڭ نامى ئىزچىل «يەھۋا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ نام ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىلار ئادەتتە بۇ نامنى تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدۇ.

● «ئەيسا» نىڭ ئىبرانى تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى «يەشۇئا» بولۇپ، مەنىسى « يەھۋا قۇتقۇزىدۇ»(خۇدا قۇتقۇزىدۇ) دىگەنلىكتۇر. ئەيسا دىگەن نام ئەرەپلەرنىڭ يەشۇئانى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىشىدىن كەلگەن. ئىنجىلنىڭ ۋەھىلەر قىسمىدىكى «خالىللۇياھ» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى « يەھۋانى مەدھىيىلەش» دىگەنلىكتۇر. (ئىنجىل ـ ۋەھىلەر 19 ـ باب 1 ـ ئايەت). مەسىھىلەرمۇ «يەھۋا» دىگەن بۇ نامنى خۇدانىڭ خاس ئىسمى دەپ ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ.

● خۇددى بالا دادىسىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرسا ھۆرمەتسىزلىك بولغاندەك، يەھۇدىلار ۋە مەسىھىلەر ئاددەتتە خۇدانىڭ خاس ئىسمى يەھۋانى بىۋاستە تىلغا ئالمايدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمىدا[1] خۇدانى «ئاتا» دەپمۇ ئاتىغان، بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ خۇددى بىر ئاتىغا ئوخشاش ئىسرائىللارنى پەرۋىش قىلغان ۋە تەربىيلىگەنلىكىدەك مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 32 ـ باب 6 ـ ئايەت، ئەزاكىيال پەيغەمبەر 63 ـ باب 16 ـ ئايەت، مالاكى پەيغەمبەر 2 ـ باب 10 ـ ئايەت) ؛

● ئىسرائىللار خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ياكى ئوغۇل ـ قىزلىرى دەپمۇ ئاتالغان (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 4 ـ باب 22 ـ ئايەت، قانۇن شەرھى 1 ـ باب 31 ـ ئايەت، 14 ـ باب 1 ـ ئايەت، ئەزاكىيال پەيغەمبەر 1 ـ باب 2 ـ ئايەت، ھۇشىئا پەيغەمبەر 11 ـ باب 1 ـ ئايەت).

## «ئاللاھ» دىگەن نام توغرىسىدا

● ئاللاھ دىگەن نام ئەسلىدە ئەرەپ تىلىدىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئىبرانى تىلىدىكى ئىلاھ دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

● ئەرەپلەر (مۇسۇلمان ئەرەپلەر، مەسىھى ئەرەپلەر ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان ئەرەپلەرمۇ) ئاللاھ دىگەن سۆز ئارقىلىق ئۆز ئىلاھلىرىنى ئاتاپ

[1] كونا ئەھدە: ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشتىن بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلار «كونا ئەھدە» دىيىلىدۇ. مەسىلەن تەۋرات، زەبۇر قاتارلىقلار.

كەلگەن. شۇڭا ئاللاھ دىگەن بۇ ئاتالغۇ ھەرگىزمۇ ياراتقۇچى خۇدانىڭ خاس ئىسمى ئەمەس.

● ئاللاھ دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئەملىيەتتە ئەرەپ تىلىدىكى «ال ئىلاھ» دىگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، «ال» دىگەن ئالدى قوشۇمچە ئەرەپ تىلىدا «بۇ» دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ (ئىنگىلىز تىلىدىكى the غا ئوخشىشىدۇ). دىمەك ئاللاھ دىگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «بۇ ئىلاھ» دىگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا بۇد-مەبۇتلارغا چوقۇنىدىغان قەدىمقى ئەرەپلەردە بۇ ئاتالغۇ بار ئىدى. شۇڭا ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ دىگەن بۇ ئەرەپچە ئاتالغۇنى خۇدانىڭ خاس ئىسمى دەرىجىسىگە كۆتىرىۋىلىشى توغرا ئەمەس.

● مۇسۇلمانلار ۋە مەسىھلەرنىڭ خۇدانىڭ خاراكتىرىغا بولغان چۈشەنچىسىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار، مەسىلەن، خۇدانىڭ بىرلىكى، مەڭگۈلۈكلىكى، دۇنيانى ياراتقانلىقى ۋە ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى، ھەممىگە قادىرلىقى، ھەممىنى بىلىدىغانلىقى، ھەممە يەردە مەۋجۇتلىقى، چەكسىزلىكى، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، شان-شەرىپى، قۇدرىتى، ھوقوقى، ئۇلۇغلىقى، ئەقىل-پاراستى، ئىنسانلارنى سوراق قىلىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ چوقۇنىشىغا ۋە بويسۇنۇشىغا ئەرزىيدىغانلىقى قاتارلىقلار.

● مۇسۇلمانلارنىڭ خۇداغا بولغان تونۇشى، ئوقۇمى، تەجرىبىسى گەرچە مەسىھلەرگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇن پەرقلەر مەۋجۇد. بۇنى كىيىنكى مەزمۇنلاردا سۆزلەيمىز.

## خۇدانىڭ مىھر-مۇھەببىتى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىدا :

● ئىسلامدا ئاللا پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئادەمنىلا (مۇسۇلمانلارنىلا) سۆيىدۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) سۆيمەيدۇ دىيىلىدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 31،32-ئايەت)

ئاللاھ تۆۋەندىكى مۇسۇلمانلارنى تىخىمۇ بەكرەك ياقتۇرىدۇ.

● ياخشىلىق قىلغۇچى (قۇرئان 2:195 ، 3:134،148 ، 5:13،93 )

● گۇناھىغا تۆۋە قىلغۇچى (قۇرئان 2:222)

● پاك بولغۇچى (قۇرئان 9:108)

- ئاللاھدىن ئەيمەنگۈچى (قۇرئان 3:76 ، 9:4،7 )
- ئادالەتنى ياقلىغۇچى (قۇرئان 5:42 ، 60:8 )
- ئاللاغا ئامانەت قىلغۇچى (قۇرئان 3:159 )
- سەۋر تاقەت قىلغۇچى (قۇرئان 3:146 )
- ئاللاھ ئۈچۈن جەڭ قىلغۇچى (قۇرئان 61:4 )

ئىسلامدا ئاللاھ تۆۋەندىكى ئادەملەرنى سۆيمەيدۇ دېيىلىدۇ.

- ئىسلامغا ئىشەنمىگەن ئادەم (قۇرئان 3:32 ، 30:45 )
- ئىسلامدىن يانغان ئادەم (قۇرئان 22:38 )
- خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى (قۇرئان 2:190 ، 7:55 )
- يامانلىق قىلغۇچى (قۇرئان 2:205 ، 5:64 )
- زىددىيەت تېرىغۇچى (قۇرئان 28:77 )
- گۇناھكار ئادەم (قۇرئان 2:276 ، 4:107)
- ھەققانى بولمىغان ئادەم (قۇرئان 3:57 ، 42:40)
- ھەددىدىن ئاشقۇچىلار (قۇرئان 5:87 ، 6:141 )
- ھاكاۋۇرلار (قۇرئان 4:36 ، 31:18 )
- ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلار (قۇرئان 16:23 )
- ئەيشى ئىشرەت قىلغۇچىلار (قۇرئان 28:76 )
- يالغانچىلار (قۇرئان 8:58 )

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى توغرىسىدىكى تەلىملىرى

- خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر. (زەبۇر 106:1 ، 107:1 )
- خۇدا دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنى شەرتسىز سۆيىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:16 ، رىم 5:8 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 4:10 )
- خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر، مېھىر-مۇھەببەت خۇدادىن كېلىدۇ، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ئارقىلىق نامايەن بولدى. (ئىنجىل-يۇھاننا بىرىنچى خەت 4-باب)

● خۇدا گۇناھكار ئادەملەرنىڭ تۆۋە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ياخشىلىقنى ئۇنتۇغانلارغا، يامانلىق قىلغۇچىلارغىمۇ رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىدۇ، خۇدا رەھىمدىلدۇر. (ئىنجىل-لۇقا 15-باب)

● شۇڭا دۈشمەنلىرىمىزنىمۇ سۆيۈشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇلارمۇ خۇدا ياراتقان ئادەم. (ئىنجىل-لۇقا 6:27-35 )

## خۇدانىڭ ئاتىلىق خاراكتېرى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى:

● مۇسۇلمانلار ئاللاھنى ئاتا دەپ ئاتىمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ قۇل-چاكىرى دەپ قارايدۇ. ئاللاھمۇ ئۇلارنى قۇل دەپ ئاتايدۇ (قۇرئان 19:93 ، 39:16،17) .

● «ئابد» نىڭ مەنىسى قۇل دېگەنلىك بولۇپ، ئابدۇللاھ دېگەن ئىسىم ئەرەپچە ئاللاھنىڭ قۇلى دېگەنلىكتۇر.

● ئىسلام دىنىدا ئاللاھ ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، ھەممىدىن ھالقىغان مەۋجۇدات، ئۇنى بىلگىلى ۋە تونۇغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرسىدا ناھايىتى زور ئارىلىق مەۋجۇد بولۇپ، ئۇنىڭغا يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۆلچىگىلى، چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ، ئىنسانلار پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنسىلا بولىدى.

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى:

● خۇدا خۇددى ئاتىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن ئەرشتە پەرمان چۈشۈرۈپ ئالەمدىكى مۇتلەق ھوقۇقنى، ئۇلۇغلىقنى ۋە قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سۆيىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئارقىلىق رەھىمدىللىكىنى نامايەن قىلىدۇ. خۇدا ۋەھىي قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئىنسانلارغا ئاشكارلايدۇ، ئۇ ھەرۋاقىت ئىنسانلارغا ۋەھىي قىلالايدۇ. ئۇ ھەمخورلۇق قىلىشقا مۇھتاج بولغان بارلىق ئىنسانلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ ئىنسانلار بىلەن ھەر ۋاقىت مۇناسىۋەت ئورنۇتۇشنى خالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە قارىتا ئىنسانلارنىڭمۇ مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئىنكاس قايتۇرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىنجىلدا خۇدانىڭ «ئاتا» دەپ چاقىرىلىشى ھەرگىزمۇ جىسمانى تەن جەھەتتىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى خۇدا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت، ئىشەنچ، يار-يۆلەك، چۈشىنىش، بويسۇنۇش ۋە ھەمكارلىقتەك روھى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

● ئادەم خۇدانىڭ ئوبرازى بىلەن يارىتىلغان (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:27)، ئادەمدە خۇدانىڭ سۈپەتلىرى (مېھىر-مۇھەببەت، ئەقىل-پاراسەت،

تەپەككۇر، ھىسسىيات، ھەق ـ ناھەق قارىشى، تىل قاتارلىق ئامىللار) بار بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەتتىكى باشقا بارلىق مەۋجۇداتلاردىن پەرقلىنىدۇ.

- ئادەم خۇداغا بويسۇنىشى كېرەك. (ئىنجىل ـ ياقۇپ 4:7 )

- بىز خۇدادىن ئۇنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى، ئۇنى تونۇيالىشىمىزنى تىلىسەك بولىدۇ. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 33:13 )

- قەلبى پاك بولغانلار خۇدانى كۆرىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:8 )

- رەبگە تايانغانلار، ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ۋە ياخشىلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. (زەبۇر 34:8 )

- ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ئادەم خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى دېگەن نامغا ئېرىشەلەيدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:12 ، رىملىقلار 9:8 )

- خۇدا ئۆزىگە ئېتىقات قىلغان ئادەملەرنىڭ مېھرىبان ئاتىسىدۇر، ئۇ ئىنسانلارنى ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشىنى خالايدۇ، ياخشى نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 7:11 )

- مەسىھلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى، چاكىرى ئەمەس، بەلكى دوستىدۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 15:15 )

- ئەيسا مەسىھ بىر ئۆمۈر ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ئۆلۈمگە قۇل بولغان ئادەملەرنى ئازات قىلغىلى، قۇتقۇزغىلى كەلگەن. (ئىنجىل ـ ئىبرانىلار 15 ـ 2:11 )

- مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ قۇلى ياكى چاكىرى ئەمەس، بەلكى روھى جەھەتتىن ئېيتقاندا خۇدانىڭ باللىرىدۇر.

- ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت بولۇپ، بۇ مۇھەببەت ئەمەلىيەتتە خۇدادىن كەلگەن. مەسىھ ئېتىقاتىدا خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن باغلىنىدۇ، ئەمما ئىسلام دىنىدا ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى رەھىمدىللىك ۋە بويسۇنۇش دەپ قارايدۇ. بۇ خۇددى قۇلدار بىلەن قۇل ئوتتۇرىسىدىكى رەھىم ـ شەپقەت ۋە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئىنجىلدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## سەممىلىك، ئالدامچىلىق ۋە سىناقچىلىق دائىر تەلىملەر

ئىسلامدىكى تەلىملەر:

ئىسلامدا ئاللاھنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ:

● ئاللاھ ئۆز گېپىدە تۇرمىسىمۇ بولىدۇ، يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ. ئۇ ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماھىر. (قۇرئان 3:54، 8:30 )

ئاللاھنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقى ۋە باشقىلارغا يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكى قۇرئاندا كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ.

● ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ جۇشىدە دۈشمەنلەرنى يالغاندىن ئاز قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمىلىيەتتە دۈشمەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. (قۇرئان 8:43 )

● ئاللاھ مەريەمنى خورما يەپ، سۇ ئىچىشكە بۇيرۇيدۇ، ئەمما مەريەمگە، باشقا ئادەملەر كىلىپ قالسا روزا تۇتىۋاتىمەن دىگىن - دەپ يالغان سۆزلەشنى ئۆگىتىدۇ. (قۇرئان 19:26 )

● ئاللاھ ئەيسا مەسىنى ئادەملەرگە يالغاندىن ئۆلگەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇنلا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كىتىدۇ (قۇرئان 4:157 )، ئەيساغا ئەگەشكەن شاگىرتلىرىنى ۋە باشقا ئېتىقاتچىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇلارنى ئەيسا كىرىستقا مىقلىنىپ ئۆلدى دىگەن خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇپ 600 يىل ئالدايدۇ، 600 يىلدىن كىيىن ئاندىن مۇھەممەت ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئاشكارلايدۇ.

ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللاردا يالغان گەپ قىلىشىغا، ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشىغا، ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشكە يول قويىدۇ. مەسىلەن:

● مەجبۇرلانغان ئەھۋاللاردا يالغاندىن ئىسلامغا ئىشەنمەيمەن دىيىشكە بولىدۇ. (قۇرئان 16:106 )

● باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ، ئەمما ئۇلاردىن قورققان ئەھۋاللاردا يالغاندىن دوستلىشىپ ئىتتىپاقلىششقا بولىدۇ. (قۇرئان 3:28 )

● تۆۋەندىكى تۆت خىل ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

○ جىھاد ئۇرۇشى قىلغاندا يالغان گەپ قىلىپ قارشى تەرەپنى ئالدىسا بولىدۇ.

○ ئىككى ئەر كىشىنى ياراشتۇرماقچى بولغاندا يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

○ بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ كۆپ خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

○ ئايالى ئىرىنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

(مۇسلىم ھەدىسلىرى 32: 6303 ، تىرمىزى، Birr 26 ؛ Musnad 6: 459, 461 )

● مۇھەممەد ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئەبۇ لافىر نىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا ئۆلتۈرگۈزىۋەتتىدۇ. مۇھەممەت قاتىلنىڭ يالغان گەپ قىلىشىغا يول قويىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5: 59: 369ـ372 )

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ سەممىلىك ۋە سىناققا دائىر تەلىملىرى

مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ:

● خۇدا ۋە ئۇنىڭ سۆزى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ (تەۋرات-نوپۇس سانى 23:19 ؛ زەبۇر 102:27 ؛ ئىنجىل-مەتتا 24:35 ، ئىبرانىلار 13:8 ، ياقۇپ 1:17)

● خۇدا ھەقىقى ئىشەنچىلىك، سەممىي ۋە راستچىلدۇر. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 7:9 ؛ زەبۇر 40:10، 88:11 ؛ يەشايا پەيغەمبەر 25:1 ، 49:7 ؛ ئىنجىل-رىملىقلار 3:4 ،ئىبرانىلار 10:23 )

● خۇدا قەتئى يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئالدامچىلىق قىلمايدۇ (تەۋرات-نوپۇس سانى 23:19، سامۇئىل پەيغەمبەر بىرىنچى پۈتۈك 15:29 ؛ ئىنجىل-تىتوس 1:2 )

● خۇدا پاك ۋە مۇقەددەستۇر (تەۋرات-يەشۇئا 24:19 ، لاۋىيلار 11:44 ؛ ئىنجىل-ۋەھىلەر 4:8 ) .

● خۇدا ئادىل ھەم ھەققانىدۇر. (زەبۇر 11:7 ؛ ئىنجىل-رىملىقلار 2:5 )

● خۇدانىڭ سۆزى مۇكەممەل ھەم ئۆزگەرمەستۇر، ئۇنىڭ سۆزلىرى چىن ھەم مەڭگۈلۈكتۇر (زەبۇر 119:86،160 )

● خۇدانىڭ سۆزى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 46:11 ، 55:11 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 1:12 )

● خۇدانىڭ سۆزى مەڭگۈ مەزمۇت تۇرىدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 40:8)

● خۇدا ئىرادە قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 14:24)

● خۇدانىڭ قىلغان ۋەدىسى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. (تەۋرات-پادىشاھلار 1ـكىتاپ 8:56 )

● خۇدانىڭ سۆزى ھەرگىز ئەمەلدىن قالمايدۇ. (يەشايا 14:27 ؛ ئىنجىل-مەتتا 5:18 ، 24:35 )

● خۇدا ئادەملەرنى ئېزىقتۇرمايدۇ. (ئىنجىل-ياقۇپ 1:13 )

مەسىھ ئېتىقاتى ئادەملەرگە مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ:

● ئادەم راستچىل، سەممىي بولۇش كېرەك. يالغان گەپ قىلىشقا، ئالدامچىلىق قىلىشقا، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمايدۇ، ھىيلە-مىكىرلىك بولۇشقا بولمايدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 23:1 ، لاۋىيلار 19:11 ، ئايۇپ پەيغەمبەر 27:4 ، زەبۇر 5:6 ، پەند-نەسىھەتلەر 12:17 ؛ ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 4:15 ، گالاتىيالىقلار 3:9 )

● قەسەم قىلىپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى زىيان تارتسىمۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالماسلىق كېرەك. (زەبۇر 15:4 )

● خۇداغا قەسەم قىلغاندىن كېيىن، گېپىدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئالغان نەرسىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېرەك، بولمىسا گۇناھ بولىدۇ. (تەۋرات-نوپۇس سانى 30:2 ، قانۇن شەرھى 23-23:21، ھېكمەتلەر 5:4 )

● ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ۋەدىنى قىلماسلىق كېرەك (ئىنجىل-ياقۇپ 5:12 )

● باشقىلارغا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، خۇدانىڭ سۆزىنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ، پەقەت ھەقىقەتنىلا سۆزلەش كېرەك. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 4:2 )

● باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھنى ئېتىراپ قىلغانلارنى، ئەيسا مەسىھمۇ خۇدانىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 10:32،33 )

● ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمىگە قارشى تۇرغان ئادەملەرگىمۇ مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىش كېرەك. خۇدا ئۇلارغىمۇ ھەقىقەتنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن توۋا قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. (ئىنجىل-تىمۇتى ئىككىنچى خەت 2:25 )

### خۇدانىڭ ئادەملەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى:

ئىسلام دىنى بىر قىسىم ئادەملەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ:

● ئاللاھ بىر قىسىم ئادەملەرنى يەنە بىر قىسىم ئادەملەردىن نەچچە دەرىجە يۇقىرى قىلغان. (قۇرئان 6:165 ، 16:71 )

● ئەرلەرنىڭ ئورنى ئاياللاردىن بىر دەرىجە يوقىرى. (قۇرئان 2:228 )

● قۇللار بىلەن ھۆر ئادەملەر باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 16:75 )

● قارغۇ بىلەن ساق ئادەم باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 35:19 )

● بىلىملىك ئادەم بىلەن بىلىمسىز ئادەم باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 39:9 )

● بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئادەملا قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 3:7 )

● بىلىمى چوڭقۇر بولغان، قۇرئانغا ۋە بۇرۇن نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاپلارغا ئىشىنىدىغان، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتەيدىغان، زاكاتنى ئايرىيدىغان، ئاللا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغان ئادەملەرگە ئاللاھ زور ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 4:162 )

قۇرئاندا ئاللاھنىڭ نىمە ئۈچۈن ئادەمنى ياراتقانلىقى، ئادەمنىڭ يارىتىلىش قىممىتى زادى نىمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

● ئاللاھ ئادەمنى مايمۇنغا ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋىتىدۇ. (قۇرئان 5:60 )

● ئاللاھ ئادەم ۋە جىنلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 11:119 )

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىملىرى:

● خۇدا ئادەمگە شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەت تاجىنى كەيدۈرۈپ ئەزىز قىلدى، ئادەم ئارقىلىق ئۆزى ياراتقان دۇنيانى باشقۇرغۇزدى، ئادەمنى بارچە مەۋجۇداتتىن ئۈستۈن قىلدى. (زەبۇر 8-5:8 )

● خۇدا ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بەرمەيدۇ. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 10:17 ؛ ئىنجىل-مەتتا 22:16 ، ماركوس 12:14 ، لۇقا 20:21 ، گالاتىيالىقلار 2:6 ، ياقۇپ 2:1،2،9 )

● خۇدا ھەممە ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 10:34 ، رىملىقلار 2:11 ، كولۇسسىلىقلار 3:25 )

● مەيلى خۇجايىن ياكى چاكار بولسۇن، قۇل ياكى ھۆر بولسۇن، بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولسۇن، قارغۇ ياكى ساق بولسۇن، خۇدا ھەممە ئادەمگە ئوخشاش قارايدۇ. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 6:9 ، كورىنتلىقلار 1-خەت 12:13 ، گالاتىيالىقلار 3:28 ، ئەفەسلىكلەر 3:11 )

● ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە بىلىمگە تايىنىپلا خۇدانى تونىيالمايدۇ. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 1:21)

● بۇ دۇنيانىڭ ئەقىل-پاراستى خۇدانىڭ نەزىرىدە يەنىلا نادانلىقتۇر. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 3:19 )

● خۇدا يەر يۈزىدىكى بىلىمسىز، ئاجىز، كەمسىتىشكە ئۇچرىغان، تاشلىۋېتىلگەن، يوقسۇل ئادەملەرنى تاللايدۇ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقستى ئىنسانلارنىڭ خۇدا ئالدىدا مەنمەنچىلىك قىلىپ ماختىنالماسلىقى ئۈچۈندۇر. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 29-1:27 )

ئادەم مۇنداق بولۇشى كېرەك:

● پۈتۈن نىيەت-ۋۇجۇدى بىلەن خۇداغا تايىنىش كېرەك، ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا تايىنىشقا بولمايدۇ. (پەند-نەسىھەت 3:5 )

● جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئادەملەرگىمۇ كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ئۆزىنى ئەقىللىق، بىلىملىك چاغلاپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. (ئىنجىل-رىملىقلار 12:16)

## خۇدانىڭ قەسەم قىلىشى توغرىسىدا

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

● ئاللاھ قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 36:2 ، 38:1 )

● ئاللاھ يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 53:1 ، 86:1 )

● ئاللاھ قەلەم بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 68:1 )

● ئاللاھ ئاينى، تۈن كېچىنى، تاڭ سەھەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 34-74:32 )

● ئاللاھ ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 86:1 )

● ئاللاھ يەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 90:1 )

● ئاللاھ ئادەم بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 90:3)

● ئاللاھ كېچە ۋە كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 92:1،2 )

مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەر:

● خۇدا پەقەت ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ، چۈنكى دۇنيادا خۇدانىڭ ئۆزىدىنمۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغ مەۋجۇدات يوقتۇر. (يەشايا پەيغەمبەر 45:23 ، يەرەميا پەيغەمبەر 22:5 ؛ ئىنجىل-ئىبرانىلار 6:13 )

● ئادەم ئۆزىدىن چوڭ ۋە ئۇلۇغ بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ. (ئىنجىل-ئىبرانىيلار 6:16 )

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندىكى ئاللانىڭ تەۋرات،زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئۆزى بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

## مۇقەددەس كىتاپتىكى پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ پەرقى

| مەسىھ ئېتىقادىدىكى خۇدا | ئىسلام دىنىدىكى ئاللاھ |
|---|---|
| خۇدا مۇتلەق پاكتۇر | ئاللاھ مۇتلەق پاك دەيدىغان ئايەت يوق |
| خۇدا رەھىمدىللا ئەمەس، بەلكى مېھىر-مۇھەببەتتۇر. | پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا رەھىمدىل، ئەمما ئاللاھنىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەت دىيىلمىگەن. |
| يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئادەملەرنى ئالدىمايدۇ، ئېزىقتۇرمايدۇ. ئادەملەرگىمۇ يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ. | يالغان گەپ قىلىدۇ، ئادەملەرنى ئالدايدۇ، ئېزىقتۇرىدۇ، ھىلە-مىكىرغا ماھىر، ئادەملەرگىمۇ يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. |
| پۈتكۈل ئىنسانىنى سۆيىدۇ، ھەممە ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. | پەقەت مۇسۇلمانلارنىلا سۆيىدۇ، ئادەملەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلمايدۇ. |
| ئىنسانىنى قەدىرلىك ۋە ئەزىز قىلىپ ياراتقان. دۇنيانى باشقۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان. | ئىنسانىنى قانداق قىممەتتە، نىمە ئۈچۈن ياراتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئادەمنى مايمۇنغا ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىشلىرى بار. |
| ئىنسان بىلەن خۇددى ئاتا-بالىدەك مېھىر-مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. | ئادەم بىلەن خۇددى خوجايىن ۋە قۇلدەك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. پەقەت رەھىم-شەپقەتلا كۆرسىتىدۇ، ئەمما مېھىر-مۇھەببەتلىك دىيىلمىگەن. |

| | |
|---|---|
| ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق مەۋجۇداتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلمايدۇ. | ئاسمان، زېمىن، ئاي، يۇلتۇز ھەتتا قەلەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ. |
| يوقۇرقى پەرقلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقەددەس كىتاپتىكى پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ بىر ئىلاھ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. | |

## تەقدىرچىلىك ۋە ئەركىن ئىرادە

ئىسلام دىنىدا :

● ئىسلام دىنى تەقدىرنىڭ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئىسلامنىڭ ئالدىن پۈتۈلۈش نەزىرىيىسى ئەمىلىيەتتە بىر خىل تەقدىرچىلىكتۇر. تەقدىرچىلىك ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئالەمدە مەلۇم بىر خىل تەڭداشسىز كۈچنىڭ ھەممىنى مۇتلەق كونترول قىلىپ تۇرغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

(Samuel Zwemmer دوكتۇر يازغان «Moslem Doctrine of God» 97 ـ بەت)

● ئىسلامنىڭ تەلىملىرىدە، ئاللاھ ھەممىگە مۇتلەق قادىر بولۇپ، ھەتتا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرقانداق بىر ھەركىتىنىڭ ئۆز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ) . گەرچە ئادەمنىڭ مەلۇم ئىشنى قىلىش ئەركىنلىكى بار دەپ قارالسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇ ئىشنى شۇ ئادەمنىڭ پېشانىسىگە ئالدىن پۈتۈلۈپ كەتكەن دېيىلىدۇ. دېمەك نىگىزىدىن ئېيتقاندا بۇ ئىشنى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى قىلمىغان، بەلكى مەلۇم بىر كۈچ كەينىدە تۇرۇپ قىلغۇزغان. شۇڭا ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشى ئەمىلىيەتتە ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلغانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

( William Montgomery Watt 1983 ـ يىلى يازغان « Islam and Christianity Today, A Contribution to Dialogue » 126 ـ بەت )

● ئىسلامنىڭ تەقدىرچىلىك نەزىرىيىسىدە قەدىمقى ئەرەپلەرنىڭ غەيرى دىنى ئىدولوگىيەسىنىڭ تەسىرى بار.

● ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان، شۇڭا ئادەمنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتى ۋە گۇناھى توغرۇلۇق سۆز ئېچىشقا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ئاللاھ بىر قىسىم ئادەملەرنى جەننەتكە كىرسۇن دەپ، يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنى دوزاققا كىرسۇن دەپ ياراتقان، ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئىسلام ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ:

● ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەملەرنى خاتا يولغا باشلايدۇ، ئۆزى خالىغان يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. (قۇرئان 6:35،39 ، 7:155 ، 13:27 ، 14:4 ، 16:93 ، 35:8 ، 74:31 )

● ئاللاھ كىمنى جازالىغۇسى كەلسە شۇنى جازالايدۇ، كىمنى كەچۈرگىسى كەلسە شۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. (قۇرئان 2:284 ، 3:129 ، 5:1،18،40،118 ، 48:14 )

● ئاللاھ كىمنى يېتەكلىسە، شۇ توغرا يولدا ماڭىدۇ؛ كىمنى ئىزىقتۇرسا، شۇ زىيان تارتىدۇ. (قۇرئان 7:178)

● ئاللاھ ئىرادە قىلمىغىچە، ئادەملەر قائىدە ـ يوسۇنغا ئەمەل قىلىشنى خالىمايدۇ. (قۇرئان 81:2 )

● دۇنيادىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلار، ياخشى ـ يامان، كۈچلۈك ـ ئاجىز، غەلىبە ـ مەغلۇبىيەت، شۇنداقلا ھەر بىر تەبىئەت ھادىسىسى ۋە جەمىيەتتىكى تۈرلۈك ۋەقەلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن، ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ ئاللاھ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنى بېكىتىۋەتكەن؛ ئادەمنىڭ تەقدىر پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى چوقۇم كېلىدۇ، پۈتۈلمىگەن نەرسىنى ھەرقانچە قوغلاشقان بىلەنمۇ كەلمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ بىرەر ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

● يەر يۈزىدىكى بارلىق ئاپەتلەر، ئادەملەر ئۇچرىغان بالا ـ قازالار، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئادەملەرنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن. (قۇرئان 57:22 )

● ئادەملەر پەقەت ئاللاھ ئالدىن بېكىتىۋەتكەن غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىدۇ. (قۇرئان 9:51 )

● بەخت ياكى بالا ـ قازانىڭ ھەممىسى ئاللاھدىن كېلىدۇ. (قۇرئان 4:78 )

● ئاللاھ خالىمىغىچە، ئادەم بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلالمايدۇ. (قۇرئان 76:30)

● ئەگەر ئاللاھ ئادەمگە بالا ـ قازا چۈشۈرسە، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى توسۇۋالالمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئادەمگە بەخت ئاتا قىلسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ. (قۇرئان 6:17 )

● ئاللاھ كىمنى باياشات قىلماقچى بولسا شۇنى باياشات قىلىدۇ. كىمنى مۇھتاج قىلماقچى بولسا شۇنى مۇھتاجلىقتا قالدۇرىدۇ. (قۇرئان 39:52 )

● ئاللاھ ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئۇنىڭ بويىنىدا قالدۇرىدۇ؛ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ دەپتىرىنى ئۆزىگە ئوقۇتۇپ ھىساپ-كىتاپ قىلىدۇ. (قۇرئان 17:13، 14 )

● ئاللاھ ھاكىمىيەتنى كىمگە بەرگۈسى كەلسە شۇنىڭغا بېرىدۇ، كىمدىن تارتىۋالغۇسى كەلسە شۇنىڭدىن تارتىۋالىدۇ؛ كىمنى قەدىرلىك قىلغۇسى كەلسە شۇنى قەدىرلىك قىلىدۇ، كىمنى پەسلەشتۈرمەكچى بولسا شۇنى پەسلەشتۈرىدۇ. بەخت-سائادەت ئاللاھنىڭ كونتروللىقىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان ئادەمگە شەپقەت كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 3:26، 27 )

● ئاللاھ ئۆزى دىگەن گەپنىڭ ۋە قارارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

● كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار تەقدىر پىشانىگە ئىشىنىدۇ. بارلىق ئىشلارنىڭ، مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ بىر ئىش قىلالمايدۇ. بۇ تەلىملەر مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىگە تەسەللى بولالىسىمۇ، ئەمما ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ۋە گۇناھىغىمۇ باھانە بولالايدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا دائىم دىيىلىدىغان «ئىنشائاللا» (ئاللا خالىسا) دىگەن سۆزمۇ مۇشۇ سەۋەپتىن كىلىپ چىققان.

ئىسلام تارىخىدا، «ئالدىن پۈتۈلۈش» ۋە «ئەركىن ئىرادە» توغرىسىدا مۇنازىرە بولۇپ باققان. مۇسۇلمانلار بۇ ئارقىلىق ئاللانىڭ ھەممىگە قادىرلىقى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن ئادەمنىڭ ياخشى-يامان قىلمىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان.

مۇتەزىلاھ مەزھىپى (مىلادى 730-يىلى ۋاسىل ئىبنى ئاتادىن باشلانغان) مۇنداق قارايدۇ : ئاللاھ ئادىلدۇر، ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئەركىن بولىدۇ، ئادەم ئۆز قىلمىشىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا ئاساسەن جاۋابىنى بېرىدۇ. يامانلىق بىۋاستە ئاللاھدىن كەلمەيدۇ، شۇڭا ئادەم ئۆزى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كىرەك- دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ:

● سىلەر ئۇچرىغان بالا-قازانىڭ ھەممىسى ئۆزەڭلارنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن كەلگەن. (قۇرئان 42:30 )

● توغرا يولدا ماڭغۇچىنى ئاللاھ تېخىمۇ يىتەكلەيدۇ. (قۇرئان 47:19)

● قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئادىل تارازىسى بىلەن ئادەمنىڭ گۇناھى ۋە ساۋابىنى ئۆلچەيدۇ، قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ئېغىر توختىسا غەلىبە قىلىدۇ، يىنىك كىلىپ قالسا زىيان تارتىدۇ. ھىچكىم ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. (قۇرئان 9،8:7 ، 21:47 )

بۇ ئايەتلەر ئالدىدا كۆرستىلگەن تەقدىرچىلىككە ئائىت ئايەتلەر بىلەن زىت كىلىدۇ، شۇڭا ئەشەرى مەزھىپى (al_Ashari ، 935～873 ) مۇتەزىلاھ مەزھىپىگە قەتئى قارشى تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى بىدئەتلەر دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇتلەق ھوقوقىنى تەكىتلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكىنى بىلەن ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئادەمنىڭ ئەركىن تاللىيالىشمۇ ئاللانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكىنىدىن بولغان دەيدۇ.

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى :

● مىلادى 853-يىلى ئېچىلغان ۋالنىس يىغىنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن : «بىز خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى، يامان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن پۈتۈۋىتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما قۇتقۇزۇلغانلارنىڭ تاللىنىشىدا، خۇدانىڭ شەپقىتى ئادەملەرنىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ؛ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ جازالىنىشىدا، ئادەملەرنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى خۇدانىڭ ئادىل سوتىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ. ئالدىن پۈتۈۋىتىلىشتە، خۇدا ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە ئادىل سوتى بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىكىتىپ بولغان . خۇدا يامان ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامانلىقنى ئالدىن بىلىدۇ، يامانلىق خۇدانىڭ ئالدىن پۈتۈۋىتىشىدىن كەلمىگەن، بەلكى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگەن. چۈنكى يامانلىق ھەرگىز خۇدادىن كەلمەيدۇ. »

(«جوڭگو خىرىستىيان دىنى مەجمۇئەسى» ‹ئوتتورا قەدىمقى زاماندىكى ئادەملەر شەرھى› 2 )

كالۋىنىزىم ۋە ئارمىنيانىزىم

● كالۋىنىزىمچىلار ئالدىن پۈتۈلۈش نەزىرىيىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ: خۇدا شەرتسىز تاللايدۇ، چەكلىك كەچۈرۈم قىلىدۇ. خۇدادىن كەلگەن شەپقەتنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ، بىر قىتىم قۇتقۇزۇلغانلىق مەڭگۈ قۇتقۇزۇلغانلىقتۇر؛ خۇدا مۇتلەق ھوقوققا ئىگە، ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىنى ئالدىن بىلىشى بىلەن ئالدىن پۈتۈۋىتىشى ئۆزئارا باغلىنىشلىق. دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا خۇدانىڭ پىلانى

بار ئىدى، ئۇ ھەممە ئىشنى ئالدىن پىلانلاپ قويغان. دۇنيانى يارىتىش ۋە قۇتقۇزۇشمۇ بۇ پىلاننىڭ ئىچىدىدۇر. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، تەقدىرى، كەلگۈسى، ھەتتا يامان قىلمىشلىرىمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىچىدە بولىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ تاللىنىپ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشى، بەزىلەرنىڭ تاللانمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيسا مەسىھكە ئىشەنمەي ھالاك بولۇشىنى خۇدا ئالدىن پىلانلىغان. بىر ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىشى، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ئىچىدە شۇنداق بولۇشىنى ئالدىن بېكىتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. خۇدا بىر ئادەمگە ئىرادە ۋە ئىقتىدار بېرىش ئارقىلىق، شۇ ئادەمنى ھامان ئۆزىگە ئىشەندۈرەلەيدۇ. خۇدا خالىغان ئىش چوقۇم ئادىل ۋە ياخشى بولىدۇ. خۇدانىڭ ئادىللىقى بىلەن ئىشەنچلىكلىكىدەك سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئىرادە قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ.

● ئارمىنيانىزىمچىلار ئەركىن ئىرادىنى تەشەببۇس قىلىدۇ: خۇدا شەرتلىك تاللايدۇ، مۇئەييەن شەرت ئىچىدە كەچۈرۈم قىلىدۇ، خۇدانىڭ شەپقىتىنى رەت قىلغىلى بولىدۇ، ئادەم قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە چۈشكۈنلىشىپ گۇناھنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ كېتىشى مۇمكىن. خۇدا ئىنسانغا ئەركىن ئىرادە ئاتا قىلغان، ئادەم ئەركىن ئىرادىسىگە ئاساسەن تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقى ـ پەزىلىتى ئۈچۈن خۇدا ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. خۇدا ئادەملەرنىڭ تاللىغان يولىغا ئاساسەن ئۇلارنى ئادىل سوراق قىلىدۇ. خۇدا ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئەمەس، بەلكى تۈرۈمنى ئالدىن بېكىتىۋېتىدۇ (يەنى ئىشەنگەن ئادەم قوتقۇزۇلۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ گۇناھى بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ). خۇدا ئادەمدە ئەخلاقى خاراكتىرنىڭ بارلىقىنى شۇنداقلا ئاسىيلىق تەبىئىتىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشلىرى خۇدانىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقمىغان بولۇپ، خۇدانىڭ بۇنى ئالدىن پىلانلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئالدىن پىلانلاش نەزىرىيەسىنى قوللايدىغان ئايەتلەر:

● خۇدا ئادەملەرنىڭ ئەيسا مەسىھنى ئۈلگە قىلىشىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئېتىقاتچى قېرىنداشلار ئىچىدە تۇنجى ئوغۇل بولۇشىنى ئالدىن بېكىتىۋەتكەن. خۇدا ئالدىن بېكىتىۋەتكەن ئادەملەرنى چاقىرىدۇ، كەلگەنلەرنى ھەققانى دەپ ئاتايدۇ، ھەققانى دەپ ئاتالغانلارغا شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 8:29،30 )

● خۇدا دۇنيانى يارىتىشتىن بۇرۇنلا، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە ئادەملەرنى تاللاپ پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا شەپقەت ۋە شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 1:4،6 )

● ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلىشى خۇدانىڭ شەپقىتىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىدىنمۇ كەلگەن، بۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدۇر. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 2:8،9 )

● خۇدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا بارلىق مەۋجۇداتنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 1:10،11 )

● خۇدا كىمگە رەھىمدىللىك قىلغۇسى كەلسە، شۇنىڭغا رەھىمدىللىك قىلىدۇ. كىمگە شەپقەت كۆرسەتمەكچى بولسا، شۇنىڭغا شەپقەت كۆرسىتىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 9:15 )

● مۇقەددەس ئاتىمىز (خۇدا) جەلپ قىلغان، ئۇنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەن ئادەم، ئەيسا مەسىھنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، ئۇلار قىيامەتتە تىرىلدۈرىلىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 6:44،45 )

● ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكەن ئادەملەرنى باشقىلار (شەيتانمۇ) تارتىۋالالمايدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 10:28،29 )

● مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ دەپ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى (ئەيسا مەسىھكە) ئىشەندى. (ئىنجىل ـ ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 13:48 )

● ئېتىقاتچىلارنىڭ ياخشى ئىشقا ئىرادە قىلىشى، خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەركەت ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. (ئىنجىل ـ فىلىپىلىكلەر 2:12،13 )

● خۇدا دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تاللىغان ۋە ئۆزىنى سۆيگەن ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 8:28)

ئەركىن ئىرادىنى قوللايدىغان ئايەتلەر:

● ئىنجىل رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 8 ـ باب 29،30 ـ ئايەتلەر ۋە ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 1 ـ باب 4 ـ 6 ئايەتلەر كىملەرنىڭ قۇتقۇزۇلىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى شەرت جەھەتتىكى ئالدىن بېكىتىلىشتۇر (يەنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇش). ئادەم پەقەت ئەيسا مەسىھ بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىقلا خۇدانىڭ تاللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

● خۇدانىڭ ئادەملەرنى تاللىشى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئاققۇزغان قېنى

ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئاققۇزغان قۇربانلىق قېنىنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزۇلىشى مۇمكىن ئەمەس. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 1:7 )

● ئىنجىل ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 2 ـ باب 8 ـ، 9 ـ ئايەتلەردىكى «قۇتقۇزۇلۇش خۇدانىڭ شەپقىتىدىن، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن كېلىدۇ» دېگەن قۇتقۇزۇلۇش پىرىنسىپىنى خۇدانىڭ ئۆزى بېكىتكەن.

● خالىغانلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق سۈيىنى ھەقسىز ئىچەلەيدۇ. (ئىنجىل ـ ۋەھىيلەر 22:17)

● خۇدا بەخت ۋە قارغىش سۆزىنى ئادەملەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 11:26،28 )

● ئادەم ئۆزى ئېتىقات قىلماقچى بولغان ئىلاھنى تاللىيالايدۇ. (يەشۇئا 24:15 )

● ئادەم ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ، ئەيسا مەسىھكە ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ گۇناھى بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 3:16، 18 )

● ئادەمنىڭ ئېزىقتۇرۇلىشى ئۆزىنىڭ شەخسى ھاۋايى ھەۋىسىدىن بولىدۇ، ئۇ گۇناھنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، گۇناھ ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدۇ. (ئىنجىل ـ ياقۇپ 1:14، 15 )

● خۇدا ۋە ئەيسا مەسىھ ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە ئاساسەن ئۇنى سوراق قىلىدۇ. (ئېزەكىئال 18:30، 33:20 ؛ ئىنجىل ـ رىملىقلار 2:6 ، ۋەھىيلەر 22:12 )

● ھەققانى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى ئۆزىگە قايتىدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقىمۇ ئۆزىگە يانىدۇ. (ئېزەكىئال 18:20 )

● قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى خۇدانىڭ ئالدىدا بايان قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 14:12 )

● خۇدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ. (زەبۇر 139:16 )

● خۇدا دۇنيانىڭ باشلىنىشىدىلا زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن كۆرسەتكەن، قەدىمقى زامانلاردىلا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئېنىق بايان قىلغان. (يەشايا پەيغەمبەر 46:10 )

● خۇدا ھەممە ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلىشىنى خالايدۇ. (ئىنجىل ـ تىموتى بىرىنچى خەت 2:4 )

● خۇدا بىزنىڭ جازالىنىشىمىزنى ئالدىن پۈتۈۋەتكەن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشىمىزنى ئالدىن پۈتۈۋەتكەن. (ئىنجىل-سالونىكىلىقلار بىرىنچى خەت 5:9 )

● خۇدا پۈتكۈل ئىنسانىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى ۋە ھەقىقەتنى تونۇشىنى خالايدۇ. (ئىنجىل-تىموتى بىرىنچى خەت 2:4 )

● خۇدا ھېچكىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھالاك بولۇشىنى خالىمايدۇ، بەلكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ توۋا قىلىشىنى خالايدۇ. (ئىنجىل-پېتروس ئىككىنچى خەت 3:9 )

خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە لوگىكىسى چۈشىنەلەيدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. مۇقەددەس كىتاپتا خۇدانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكەنلىكى ۋە ئالدىن بىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭمۇ تاللاش ۋە ئۆزگىنىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى بايان قىلىغان. خۇدانىڭ ئىگىدارلىق ھوقوقى بىلەن ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى ئۆزئارا زىت بولماستىن بەلكى ئۆزئارا ماسلاشقان بولىدۇ. خۇدا ئالدىن بىكىتكەن نەتىجە بىلەن ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسى ئارقىلىق تاللىغان نەتىجىسى بىردەك بولالايدۇ. خۇدا ئادەمنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە، ئادەمنىڭ تاللىشىنى ئۆزىنىڭ ئالدىن بىكىتكەن نەتىجىسى بىلەن بىردەك قىلالايدۇ. ئادەمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن، ئۆزىنىڭ خاھىشىدىن بولىدۇ، چۈنكى ئادەم ياخشى - يامانىنى تاللىيالايدۇ. خۇدانىڭ شەپقىتى ئادەمنىڭ قىلغان قارارىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ. خۇدا ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق ئادەملەرگە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئىنسانىنىڭ گۇناھ ئىچىدە چىرىپ كەتكەن ئىرادىسىنى ئەسلىدىكى نورمال ھالەتكە قايتۇرالايدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى-ئىدراكىنى ئويغۇتۇپ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنەلەيدىغان قىلالايدۇ. ئادەممۇ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ قانداق تاللاش ۋە ھەركەت قىلىشنى قارار قىلالايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ نىيىتى ۋە ھەركىتى ئۈچۈن جاۋاپكار بولىدۇ. خۇدا ئادەمنىڭ ئەمىلىيىتى ۋە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تورۇپ سوراق قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكىنى ياكى ئالدىن بىلگىنى بۇيىچە سوراق قىلمايدۇ. خۇدا ئىنسانلارنىڭ دۇنياسىغا كىرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھوقوقىغا ئىگە، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنى قۇتقۇزالايدۇ.

# ئۈچ بىرلىك

## ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچ بىرلىك توغرىسىدىكى قارىشى

ئىسلام دىنىنىڭ خۇدا توغرىسىدىكى تەلىمى:

● ئىسلام ئاللاھ بىر، ئۇنىڭدىن باشقا چوقۇنىدىغان ئوبىكت يوق دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 112:1 ، 20:14 ، 59:23 )

● ھەرقانداق مەۋجۇدات ئاللاھقا ئوخشىمايدۇ. (قۇرئان 42:11 )

● پەرىشتە ۋە ئادەملەر يارىتىلىشتىن بۇرۇن، ئاللانىڭ مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئوبىكتى يوق ئىدى.

● بەزى مۇسۇلمانلار مۇنداق قارايدۇ: ئەگەر ئاللاھ بىردىن ئارتۇق بولسا، زىددىيەت، قالايمىقانچىلىق، ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش، تەنقىت يۈز بېرىدۇ، پىكىر بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا ئادەتتە بىرلا ھۆكۈمران بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھوقوق تالاشقۇچى ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ، شۇڭا ئاللاھمۇ چوقۇم بىر بولىدۇ.

● ئاللاھ تۇغۇلمىغان ھەم تۇغمايدۇ. (قۇرئان 37:152 ، 112:3 )

قۇرئان ھېچقاچان مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك يەنى «مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل، مۇقەددەس روھ» توغرىسىدىكى ئېتىقاتىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغان (دىمەك قارشىمۇ تۇرمىغان) . ئەمما ناسارالار (مەسىھلەر) ئۈچ خۇدا بار دەيدۇ دەپ تىلغا ئالغان.

● ئاللاھنى ئۈچ دىمەڭلار ... ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئوغلى بولمايدۇ. (قۇرئان 4:171 )

● مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسانى ئىلاھ دىگەنلەر، ئىماندىن ئاجرىغانلاردۇر. (قۇرئان 5:17، 72 )

● ئاللاھنى ئۈچ ئىلاھنىڭ ئىچىدىكى بىرسى دىگەنلەر، ئىماندىن ئاجرىغانلاردۇر. بىر ئاللاھدىن باشقا چوقۇنغۇچى يوق. (قۇرئان 5:73 )

● مەريەم ئوغلى ئەيسا پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئانىسى سەممى ئادەم ئىدى. ئۇلارمۇ تاماق يەيتى. (قۇرئان 5:75 )

● ئاللاھ دەيدۇ: «مەريەم ئوغلى ئەيسا، سەن بۇرۇن كۆپچىلىككە ‹سىلەر ئاللاھنى تاشلاپ مىنى ۋە ئانام مەريەمنى رەببىمىز دەمسىلەر› دىگەن ئىدىڭ». (قۇرئان 5:116 )

ناھايىتى روشەنكى، قۇرئان (ياكى مۇھەممەت) مەسىھلەرنى ئەيسا، مەريەم ۋە ئاللاھدىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھقا چوقۇنىدۇ دەپ قارىغان. قۇرئان مانا مۇشۇنداق ئۈچ ئىلاھ تەلىماتىغا قارشىدۇر. (بۇنىڭغا مەسىھ ئېتىقاتىمۇ قارشى ئەلۋەتتە)

● ئەمما ئىنجىلدا ھېچقاچان يوقۇرقىدەك دېيىلمىگەن، تارىختىكى ئاساسلىق خىرىستىيان مەزھەپلىرىدىمۇ ئاللا، ئەيسا ۋە مەريەمدىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان ئەھۋال بولۇپ باقمىغان. بۇنىڭغا مەسىھ ئېتىقاتىمۇ قارشى تۇرىدۇ.

● گەرچە كاتولىك مەزھىپى مەريەم ئانىنىڭ ئورنىنى يوقۇرى كۆتۈرۈپ ئالاھىدە ھۆرمەتلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ھېچقاچان مەريەم ئانىنى ئىلاھ دەپ باقمىغان. كاتولىك مەزھىپىدە ئەزەلدىن تارتىپلا، خۇدا بىلەن مەريەم جىسمانى جەھەتتىن بىرلىشىپ ئەيسانى تۇققان، خۇدا، مەريەم ۋە ئەيسا ئۈچ ئىلاھتۇر، دەيدىغان بۇنداق بىدئەت قاراش بولۇپ باققان ئەمەس.

● ناھايىتى ئېنىقكى، مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبىستاندىكى بەزى بىدئەت دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەمدە بۇ بىدئەت دىنلارنى خاتا ھالدا مەسىھ ئېتىقاتى دەپ ئويلاپ قالغان. ئۇ مەسىھ ئېتىقاتىدىكى ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى بىلمىگەن. دېمەك مۇھەممەت (ياكى قۇرئاندىكى ئاللاھ) بۇ جەھەتتە تولىمۇ خاتالاشقان.

● «ئۈچ بىرلىك» تەلىماتى ھەقىقەتەن مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسىدۇر. ۋاھالەنكى، ئەگەر بۇ خاتا بولسا، ئەگەر خۇدا راستىنلا بۇ خاتالىقنى تۈزەتمەكچى بولسا، ئەگەر قۇرئان راستىنلا خۇدادىن كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا قۇرئاندىكى ئاللاھ نىمە ئۈچۈن مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ «مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ» تىن ئىبارەت بۇ ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى بىلمەيدۇ؟ ئەكسىچە مەسىھ ئېتىقاتى بىلەن مۇناسىۋتى بولمىغان باشقا بىر بىدئەت ئېتىقاتنى تەنقىتلەپ يۈرۈيدۇ؟ يىغىپ ئېيتقاندا، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك تەلىماتى مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، قۇرئاندىكى ئەيىپلەشلەر پۈتۈنلەي خاتادۇر.

● قۇرئاندا يەنە ناسارالار (مەسىھلەر) بىر ئىلاھقا ئىشىنىدۇ دېيىلگەن (قۇرئان 29:46 ، 3:113،114 ، 5:82 ) ، بۇمۇ يوقۇردا كۆرسىتىلگەن قۇرئاندىكى باشقا ئايەتلەر بىلەن زىت كىلىدۇ.

ئىسلامدا ئاللاھنىڭ روھى مۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

● ئاللاھنىڭ روھى مەخپىي سىردۇر. (قۇرئان 17:85 )

● ئاللاھ روھىنى ئادەم ئاتىنىڭ ھەيكىلىگە پۈلەپ كىرگۈزىدۇ. (قۇرئان 15:29 ، 32:9 ، 38:72 )

ئاللاھنىڭ روھى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى

- ئاللاھ ئۆزىنىڭ روھىنى مەريەمنىڭ تېنىگە كىرگۈزىدۇ. (قۇرئان 21:91 ، 66:12 )

- مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بىشارىتىدۇر. (قۇرئان 21:91 )

- ئەيسا ئاللاھدىن چىققان روھتۇر. (قۇرئان 4:171 )

- ئاللاھ مۇقەددەس روھى بىلەن ئەيسانى يۆلىگەن. (قۇرئان 2:87،253 ، 5:110 )

ئاللاھنىڭ روھى بىلەن مۇھەممەتنىڭ مۇناسىۋىتى:

- مەلۇم بىر روھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قۇرئاننى ئېلىپ چۈشكەن. (قۇرئان 16:102 )

- ئاشۇ روھ قۇرئاننى مۇھەممەتنىڭ قەلبىگە سالغان. (قۇرئان 26:193)

- ئاللاھ مۇھەممەتكە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىققان روھنى ۋەھى قىلىدۇ. (قۇرئان 42:52)

- قىيامەت كۈنى روھ ۋە پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتىرىلىدۇ. (قۇرئان 70:4)

- قىيامەت كۈنى روھ ۋە پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەپ-سەپ بولۇپ تىك تۇرىدۇ. (قۇرئان 78:38)

ھازىرقى مۇسۇلمانلار مەسىھ ئېتىقادىدىكى «ئۈچ بىرلىك» تەلىماتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەبى ئۈچ بىرگە تەڭ ئەمەس. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ نوقتىنەزىرى قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەردىن كېلىپ چىقمىغان.

## مەسىھ ئېتىقادىدىكى ئۈچ بىرلىك تەلىماتى

- مەسىھلەرنىڭ «ئۈچ بىرلىك» كە ئىشىنىشى بۇ سۆزنىڭ مۇقەددەس كىتاپتا بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسىھلەرنىڭ مۇقەددەس كىتاپتىكى خۇدانىڭ تەسۋىرلىنىشىگە بەرگەن ئېنىقلىمىسىدۇر. ئۈچ بىرلىك تەلىماتى پۈتۈنلەي مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرلەرگە ئاساسەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلار) دا مەنا جەھەتتىن ئىپادىلەنگەن بولسا، يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دا روشەن ھەم كونكرت

ئىپادىلەنگەن. تارىختا پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىنى ئىنسانلارغا ھەقىقەتەنمۇ ئۈچ شەخس ھالىتىدە نامايەن قىلدۇ، ئۇلار مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتۇر. بۇ ئۈچ شەخس ۋە ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئاشۇ كۆرۈنمەس خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازى ۋە خاراكتېرىنى ئىنسانلارغا نامايەن قىلدۇ.

• مۇسۇلمانلارنىڭ «ئاللا بىر» دىگەن تەلىماتىنى ئىپادىلەيدىغان «تەۋھىد» دىگەن ئاتالغۇمۇ ئەسلىدە قۇرئاندا يوق بولۇپ، بۇ سۆزمۇ ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاندىكى ئاللانىڭ تەسۋىرلىنىشىگە بەرگەن بىر خىل ئېنىقلىمىسىدۇر.

• ئەڭ دەسلەپكى مەسىھى جامائەتلەرمۇ «ئۈچ بىرلىك» دىگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. گىرىك تىلىدىكى trias دىگەن سۆزنى ئانتاكىيادىكى تىئافىلور (مىلادى 181 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) تۇنجى بولۇپ ئىشلەتكەن. لاتىن تىلىدىكى trinitas دىگەن سۆزنى تىرتۇلئان (مىلادى 230 ـ 152 يىللىرى) ھەممىدىن بۇرۇن قوللانغان.

• مىلادىيە 325 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن نىسيە چوڭ يىغىنىدا، ئۈچ بىرلىك تەلىماتى رەسمى ھالدا «نىسيە ئېتىقاتنامىسى» بولۇپ بېكىتىلگەن. بۇ ئېتىقاتنامىنى خىرىستىيان دىنىكى ئۈچ چوڭ مەزھەپ كاتولىك، پراۋسلاۋىيان ۋە پروتاستىنت مەزھەپلىرى ئورتاق قوبۇل قىلدۇ.

## «نىسيە ئېتىقاتنامىسى» نىڭ مەزمۇنى :

بىز بىر خۇداغا ئىشىنىمىز، ئۇ ھەممىگە قادىر مۇقەددەس ئاتىمىزدۇر، ئاسمان ـ زىمىننى ھەمدە شەكلى بار ۋە شەكلى يوق بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچىدۇر.

بىز رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىمىز، ئۇ خۇدانىڭ يىگانە ئوغلىدۇر، دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا مۇقەددەس ئاتىدىن تۇغۇلغان. ئۇ ئىلاھتىن تۇغۇلغان ئىلاھتۇر، نۇردىن تۆرەلگەن نۇردۇر، راست ئىلاھتىن تۇغۇلغان راست ئىلاھتۇر. ئۇ مۇقەددەس ئاتىدىن تۇغۇلغان، يارىتىلمىغان، ماھىيەت جەھەتتە مۇقەددەس ئاتا بىلەن بىردۇر. پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۇ ئارقىلىق يارىتىلغان. ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن، بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەرشتىن چۈشكەن. ئۇ مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرىدە پاك قىز مەريەمنىڭ ھامىلدار بولىشى ئارقىلىق ئىنسان تىنىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بىز ئۈچۈن پونتىس پىلاتوسنىڭ قولىدا كىرستتا مىقلىنىپ

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە دەپنە قىلىنغان. ئىنجىلدا دېيىلگەنىدەك، ئۈچىنچى كۈنى تىرىلگەن، ئاسمانغا كۆتىرىلىپ مۇقەددەس ئاتىنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ كەلگۈسىدە زور شان ـ شەرەپ بىلەن قايتىپ كېلىپ، تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى سوراق قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۆلىتى مەڭگۈلۈكتۇر.

بىز مۇقەددەس روھقا ئىشىنىمىز، ئۇ رەب ھەم ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇ مۇقەددەس ئاتا ۋە مۇقەددەس ئوغۇلدىن چىققان، مۇقەددەس ئاتا ۋە مۇقەددەس ئوغۇل بىلەن ئوخشاش شان شەرەپكە ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىقتۇر. ئۇ بۇرۇنمۇ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق سۆزلىگەن.

بىز مەسىھ ئەلچىلىرىدىن قالغان مۇقەددەس ئومۇم جامائەتچىلىككە ئىشىنىمىز، گۇناھنى يۇيىدىغان بىردىنبىر چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىمىز، بىز ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى ۋە كەلگۈسى دۇنيادىكى ھاياتلىقنى كۈتىمىز. ئامىن !

- شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ بىرلىك تەلىماتى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاتىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە كەڭ تارقىلىپ تا ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرمەيدۇ.
- نىسىيە يىغىنىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرئان مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك تەلىماتىغا قارشى چىقماقچى بولىدۇ، ئەمما ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى ئېنىق ئايرىيالماي، ئۇنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەندۈرىدۇ (مەسىلەن، ناسارالار ئاللا ،مەريەم ۋە ئەيسانى ئۈچ ئىلاھ دەيدۇ، ئۇلار ئۈچ خۇداغا چوقۇنىدۇ، دىگەنىدەك). دىمەك ناھايىتى ئېنىقكى، مەيلى ئۈچ بىرلىك تەلىماتى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ئەمما قۇرئان ھەرگىزمۇ ھەممىنى بىلگۈچى پەرۋەردىگار خۇدادىن كەلگەن ۋەھى ئەمەس.

## ئەگەر ئۈچ بىرلىك تەلىماتى پۈت تىرەپ تۇرالمىسا، مەسىھ ئېتىقاتى بەربات بولامدۇ؟

مەسىھ ئېتىقاتى قانداقتۇر مەلۇم بىر تەلىماتتىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھتىن باشلانغان. ئەيسا مەسىھ كونا ئەھدە (تەۋرات،زەبۇر ۋە باشقا قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلار) دىكى ئالدىن بېرىلگەن ۋەھى ۋە بىشارەتلەرگە ئاساسەن دۇنياغا كەلگەن. قەدىمقى بىشارەتلەردە ئالدىن كۆرسىتىلگەنىدەك، ئۇنىڭ ھاياتى، مۆجىزىلىرى، تەلىمى، نام ـ شەرىپى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، ئۆلۈشى، تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆز ھاياتى بىلەن قىلغان گۇۋاھلىقى، ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ

تارىخى ۋەقەلىكلەرنى ئىنجىلنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، ھەتتا باشقا تارىخى ماتېرىياللاردىنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. دىمەك، مەسىھ ئېتىقاتى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن.

**ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنىڭ مېغىزى:**

پەقەت بىرلا ياراتقۇچى خۇدا بار.

● پەقەت بىرلا خۇدا بار. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 20:2،3 ، قانۇن شەرھى 4:35،39 ، 6:4 ، 32:39 ، سامۇئىل ئىككىنچى پۈتۈك 7:22 ، ئالدىنقى پادىشاھلار 8:60 ، ئالدىنقى تارىخنامە 17:20 ، زەبۇر 86:10 ، يەشايا 43:10 ، 44:6،8 ، 45:5،6،14،18،21،22 ، 46:9 ، ھۇشىئا 13:4 ، زەكەرىيا 14:9 ؛ ئىنجىل-مەتتا 22:37 ، ماركوس 32-12:28 ، يۇھاننا 17:3 ، رىملىقلار 3:29،30 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 6-8:4 ، گالاتىيالىقلار 3:20 ، ئەفەسلىكلەر 6-4:4 ، تىموتى بىرىنچى خەت 1:17 ، 2:5 ، ياقۇپ 2:19 )

● خۇدا ئۆز شان-شەرىپىنى يالغان ئىلاھلارغا ياكى بۇتلارغا بەرمەيدۇ. (يەشايا 42:8 )

● باشقا ساختا ئىلاھلارغا ياكى قولدا ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنۇشقا بولمايدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 20:3،5 ، لاۋىيلار 26:1 )

● بۇتقا چوقۇنغانلار خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيدۇ. (ئىنجىل-گالاتىيالىقلار 5:20 )

● خۇداغا ئىشەنمىگەنلەر، بۇتقا چوقۇنغانلار دوزاققا مەھكۇم بولىدۇ. ( ئىنجىل-ۋەھىيلەر 9،21:8 )

مۇقەددەس ئاتا (پەرۋەردىگار خۇدا)

● مۇقەددەس ئاتا خۇدادۇر، ئۇ ئاسمان زىمىننى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى، شۇنداقلا ئالەملەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە تەۋرات قانۇننى تۈزگۈچىدۇر. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىش 1-باب، مىسىردىن چىقىش 6-20:3 ، پادىشاھلار 18:39 ، يەشايا 44:24 ؛ ئىنجىل-يۇھاننا 6:27 ، 20:17 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 8:6 ، گالاتىيالىقلار 1:1 ، فىلىپىلىكلەر 2:11 )

● مۇقەددەس ئاتا مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 21:33 ، مىسىردىن چىقىش 3:14 ، زەبۇر 90:2 ، 16 ـ 145:9 ، يەشايا 9:6 ، 41:4 ، 57:15 ، دانىيال 6:25،26 )

● مۇقەددەس ئاتا ھەممە يەردە مەۋجۇد بولىدۇ. (زەبۇر 139:7 ، يەرەمىيا 23:23،24 ؛ ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 4:6 )

● مۇقەددەس ئاتا ئىبادەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 4:23 ، 5:23 )

● مۇقەددەس ئاتا مېھىر ـ مۇھەببەتلىكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 3:16 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 11 ـ 4:7 )

● مۇقەددەس ئاتا پاكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 17:11 )

مۇقەددەس ئوغۇل (ئەيسا مەسىھ)

● ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر، ئۇنىڭ باشلىنىشى يوق، ئۇ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلمىغان بەلكى خۇدانىڭ ۋۇجۇدىدىن چىققان نۇردۇر. ئۇ ئەزەلدىن مۇقەددەس ئاتىنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇد. پۈتكۈل مەۋجۇدات ئۇ ئارقىلىق يارىتىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. قەدىمقى زامانلاردا خۇدانىڭ سۆزى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كىتابقا پۈتۈلگەن بولسا، ئاخىرىدا خۇدانىڭ سۆزى ئىنسان تېنىدا بۇ دۇنياغا كەلدى. ئۇ خۇدانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك قۇتقۇزۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

● مۇقەددەس ئوغۇلنىڭ ئۆزى ئىلاھتۇر. (يەشايا پەيغەمبەر 7:14 ، 9:6 ؛ ئىنجىل ـ يۇھاننا 1 ـ باب 1 ـ 5 ، 12 ـ 14 ، 18 ـ ئايەتلەر ۋە 14 ـ باب 9،10 ـ ئايەتلەر، ماركوس 2:5،7 ، 4:39،41 ، ئىبرانىلار 1:3،8 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 5:20 ، فىلىپىلىكلەر 11 ـ 2:6 ، ۋەھىيلەر 22:12،13 )

● مۇقەددەس ئوغۇل مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 8:58 ، ئىبرانىلار 1:8،9 ، پېترۇس ئىككىنچى خەت 3:18 ، ۋەھىيلەر 1:8 )

● مۇقەددەس ئوغۇل ھەممە يەردە مەۋجۇد. (ئىنجىل ـ مەتتا 18:19،20 )

● مۇقەددەس ئوغۇل ئىبادەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 14:33 ، 28:17 ، لۇقا 24:52 ، ۋەھىيلەر 5:13 ، 22:8،9 )

● مۇقەددەس ئوغۇل مېھىر ـ مۇھەببەتلىكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 15:12،13 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:16 )

● مۇقەددەس ئوغۇل پاكتۇر. (ئىنجىل ـ لۇقا 1:35 )

مۇقەددەس روھ (ياريۆلەكچى)

● ئەيسا مەسىھ ئۆزىدىن كېيىن ئىنسانلارغا يەنە بىر ياريۆلەك بولغۇچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئىنجىلدا Parakletos دەپ ئاتالغان. بۇ سۆزنىڭ گىرىك تىلىدىكى ئەسلى مەنىسى ياندا بىرگە تۇرغۇچى بولۇپ، ياريۆلەك بولغۇچى، ياردەمچى، يول كۆرسەتكۈچى، ئاقلىغۇچى دېگەندەك مەنىلىرى بار. ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئورما ھېيتىدا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئېتىقاتچىلار ئارىسىغا چۈشىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 14:16،17 ، ئەلچىلەر 4-2:1 )

● مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ روھىدۇر، ئۇ خۇداغا مەنسۇپ بولۇپ خۇدادىن چىققان، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مۇكەممەل خاراكتىرى ۋە سۈپىتى بار. ئۇ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ مەڭگۈلۈك قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىدە تۇرىدۇ، ئۇلارغا يېڭى ھاياتلىق ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ، ئادەمنىڭ گۇناھقا پاتقان ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ، گۇناھنىڭ كونتروللۇقىنى يېڭىدۇ. ئۇ ھەرخىل ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئادەملەرگە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئىنسانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

● مۇقەددەس روھ ئىلاھتۇر. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:2 ، 2:7 ، 6:3 ، ساموئىل بىرىنچى پۈتۈك 19:23 ، ئايۇپ 33:4 ، زەبۇر 104:30 ، يەشايا 42:1 ، 48:16 ؛ ئىنجىل-مەتتا 12:32 ، يۇھاننا 3:5،6،8 ، 4:24 ، 6:63 ، ئەلچىلەر 5:3،4 ، 13:2 ، رىملىقلار 11-8:9 ، 15:16 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:10 ، 3:16 ، 6:11،19 ، 12:11 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 3:8 ، تىتوس 3:5 ، ئىبرانىلار 12-3:7 )

● مۇقەددەس روھ مەڭگۈ مەۋجۇد بولىدۇ. (ئىنجىل-ئىبرانىلار 9:14 )

● مۇقەددەس روھ ھەممە يەردە مەۋجۇد بۇلىدۇ. (زەبۇر 10-139:7 )

● مۇقەددەس روھ ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. (ئىنجىل-رىملىقلار 8:26 )

● مۇقەددەس روھ مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر. (ئىنجىل-تىموتى ئىككىنچى خەت 1:7 )

● مۇقەددەس روھ پاكتۇر. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 4:30 )

بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى

● مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ بۇ ئۈچىنىڭ ئورنى باراۋەر، ماھىيىتى بىر، ھەم مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇلار ھەم خاسلىقتا ھەم ئورتاقلىقتا ئىگە. (ئىنجىل-لۇقا 2:49 ، 19:45،46 ، يۇھاننا 1:1 ، 5:17،18 ، 30-10:25 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:10،11 )

● ئۇلارنىڭ ئۈچى مۇكەممەل بىرلىكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 17:22 )

● خۇدا بىرلا ۋاقىتتا بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندا بولالايدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:26 ، 3:22 ، 11:7 ، قانۇن شەرھى 6:4 ، ئايۇپ 35:10 ، پەند ـ نەسىھەتلەر 9:10 ، ھىكمەتلەر 12:1 ، يەشايا 6:8 ، 48:16 ، 54:5 ، 61:1 )

● يوقۇردا كۆرسىتىلگەن قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى ئايەتلەردە، ئىلاھ دىگەن سۆز ئىبرانى تىلىدا كۆپلۈك ساندا كىلىدۇ ( Elohim ) ، خۇدا نۇرغۇن ئايەتلەردە كۆپلۈك ساندا سۆزلەيدۇ (قۇرئاندىمۇ ئاللاھ «بىز» دەپ سۆزلەيدۇ). بۇلارمۇ مەسىھ ئېتىقاتىدىكى خۇدانىڭ ئۈچ بىرلىك قارىشىنى قوللايدۇ.

● خۇدا بىردۇر، ئەمما ئۇ ئىنجىلدا مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچ شەخس ئارقىلىق، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئىنسانلارغا نامايەن قىلىدۇ.

گەرچە مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ ماھىيەت جەھەتتىن بىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە:

● خۇدا بىلەن رەبنىڭ خاسلىقى (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24 ، ھۇشىئا 1:7 ؛ ئىنجىل ـ تىمۇتى ئىككىنچى خەت 1:8 )

● مۇقەددەس ئاتا بىلەن مۇقەددەس ئوغۇلنىڭ خاسلىقى (زەبۇر 2:7 ، 45:6 ، يەشايا 59:20 ، 63:9 ؛ ئىنجىل ـ يۇھاننا 17:3 ) .

● مۇقەددەس ئوغۇل خۇدانىڭ ئوغلى دەپلا ئاتىلىپ قالماستىن (ئىنجىل ـ رىملىقلار 1:4)، بەلكى يەنە يىگانە ئوغۇل (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:14،18 ، 3:16،38 ) ، تۇنجى ئوغۇل (ئىنجىل ـ ئىبرانىلار 1:6 ) دەپمۇ ئاتالغان.

● ئەيسا مەسىھ ئىنسان ھالىتىدە دۇنياغا كەلگەندىن كىيىن ئاندىن خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالمىغان، بەلكى قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇنىڭ ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئالدىن بىشارەت قىلىنغان. (يەشايا 9:6 ، مىكا 5:2 )

● مۇقەددەس روھنىڭ خاسلىقى (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1،2 ، 6:3 ، نوپۇس سانى 27:18 ، زەبۇر 51:11 ، يەشايا 40:13 ، خاگگاي 2:4 )

● مۇقەددەس روھ بىلەن رەبنىڭ خاسلىقى (يەشايا 63:10 )

● خۇدا ئالەمنى يارىتىقاندىمۇ ئوخشىمىغان ئۈچ ھالەتتە نامايەن بولىدۇ. يەنى خۇدا، خۇدانىڭ روھى ۋە خۇدانىڭ سۆزى. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24 ، يەشايا 4:21 ، 48:16 )

ئۈچ شەخس ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا بىرلىكتە ماسلىشىپ ئىش قىلىدۇ، مەسىلەن :

● ئالەمنى ياراتقاندا (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1،2،26 ، پەند-نەسىھەتلەر 31-22:8 )

● ئەيسا مەسىھ ئىنسان تىنىدە دۇنياغا كەلگەندە (يەشايا 2:11 ، 1:42 ، ئىنجىل-لۇقا 1:35 ، 19-4:17 )

● ئەيسا مەسىھ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەندە (ئىنجىل-مەتتا 3:16،17 ، لۇقا 3:21،22 )

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى يېتىشتۈرگەندە (ئىنجىل-لۇقا 24:49 ، ئەلچىلەر 8-1:4 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 6-12:4 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 13:13،14 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:1،2 )

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى دۇئا قىلغاندا، مۇقەددەس روھ ئېتىقاتچىلارنى ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن مۇقەددەس ئاتىغا دۇئا قىلغۇزىدۇ.

● باشقا ئەھۋاللار (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 5-31:3 ، نوپۇس سانى 11:25 ، زەبۇر 16:8 ، 110:1 ، يەشايا 59:21 ؛ ئىنجىل-مەتتا 12:28 ، 45-22:43 ، 28:19 ، لۇقا 11:20 ، يۇھاننا 14:26 ، 15:26 ، ئەلچىلەر 2:32،33 ، 32-5:29 ، 10:38 ، كورىنتلىقلار 13:14 ، ئەفەسلىكلەر 20-5:18 ، تىتوس 2:13 ، پېتروس بىرىنچى خەت 3:18 )

● مۇقەددەس ئاتا مۇقەددەس ئوغۇلنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ، مۇقەددەس ئوغۇل مۇقەددەس ئاتىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (زەبۇر 2:7 ، يەشايا 48:16 ؛ ئىنجىل-لۇقا 9:35 ، 10:21،22 ، يۇھاننا 1:14،18 ، 8:18 ، 12:49،50 ، 14:6،7،9،11،20 ، گالاتىيالىقلار 4:4،5 )

● مۇقەددەس ئاتا بىلەن مۇقەددەس ئوغۇل مۇقەددەس روھنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ، مۇقەددەس روھ مۇقەددەس ئاتا ۋە مۇقەددەس ئوغۇلغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (يەشايا 48:16 ؛ ئىنجىل-يۇھاننا 26-14:16, 17, 23 ، 15:26 ، 15-16:13 ، گالاتىيالىقلار 4:6 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 5:6،7 )

● ئۈچ بىرلىك مۇناسىۋەتى مەسىھ جامائەتى ئارىسىدىكى بىرلىكنىڭ ئاساسى. (ئىنجىل-يۇھاننا 17:20،21 )

● ئىنجىلنىڭ ھېچقانداق يېرىدە مەريەمنى خۇدا دەيدىغان خاتىرە يوق. ئىنجىلدا مەريەم ئۆزىنى خۇدانىڭ ئاجىز قىزى، ئەرزىمەس بەندىسى دەپ ئاتايدۇ. (ئىنجىل-لۇقا 1:48 )

كۇنا ئەھدىدىكى (تەۋراتتىكى) ئۈچ بىرلىككە ئائىت دەلىل-ئىسپاتلار :

● ئىبرانى تىلىدا خۇدانىڭ بىرلىكى « **echad** » دىگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە دىگەنلىكتۇر. تەۋراتتا خۇدانىڭ بىرلىكى كۆپ قىتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن : « ئى ئىسرائىللار ، ئاڭلا ، رەببىمىز خۇدا بىردۇر» (تەۋرات-قانۇن شەرھى 6:4 )

● ئىبرانى تىلىدا يەككە-يىگانە ، مۇتلەق بىر دىگەن ئۇقۇمنى « **yachid** » دىگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا خۇدانىڭ بىرلىكى سۆزلەنگەندە ئەزەلدىن بۇ سۆز قوللىنىپ باقمىغان.

● خۇدا روھتۇر، ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئاددى ھالدا ماددى دۇنيادىكى «بىر» (بىر تاغ، بىر دەرەخ، بىر ئادەم ) دىگەن ئۇقۇم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. خۇدانىڭ بىرلىكى ئىنسانىنىڭ ئەقلى ۋە لوگىكىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرلىكتۇر.

● مۇقەددەس كىتاپتا گەرچە خۇدانىڭ بىرلىكى كۆپ قىتىم تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما خۇدا كۆپلۈكساندا ئىپادىلەنگەن (قۇرئاندىمۇ ئاللا «بىز» دەپ سۆزلەيدۇ). ئىبرانى تىلىدا ئىلاھنىڭ بىرلىك شەكلى « El » ، كۆپلۈك شەكلى « Elohim » ، مۇقەددەس كىتاپتا « Elohim » دىگەن سۆز 2000 قىتىمدىن ئارتۇق قوللىنىلغان. ئىبرانى تىلىدا رەبنى ئىپادىلەيدىغان « Adonai » دىگەن سۆزمۇ كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ، مۇقەددەس كىتاپتا بۇ سۆزمۇ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان.

● ئايۇپ پەيغەمبەر 35-باب 10-ئايەتتە، خۇدانى ئىنسانلارنىڭ «ياراتقۇچىلىرى» دەپ ئاتىغان. يەشايا پەيغەمبەر 54-باب 5-ئايەتتە، خۇدانى ئىسرائىللارنىڭ «ياراتقۇچىلىرى» دىيىلگەن. زەبۇر 149-پارە 2-مىسرادا، خۇدانى ئىسرائىللارنىڭ «ياراتقۇچىلىرى» دىيىلگەن. ھېكمەتلەر 12-باب 1-ئايەتتە، سىلەر «ياراتقۇچىلار» نى ئەسلەڭلار دىيىلگەن. يەشۇئا 24-باب 19-ئايەت ۋە پەند-نەسىھەتلەر 9-باب 10-ئايەتلەردىمۇ خۇدا كۆپلۈكساندا ئىپادىلەنگەن.

● مۇقەددەس كىتاپتا خۇدانىڭ ئاتىلىشى كۆپلۈك ساندا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىكى سۆزلەر بولسا بىرلىك ساندا كەلگەن، ھەتتا خۇدانىڭ بىرلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. دىمەك مۇقەددەس كىتاپ كۆپ ئىلاھنى ئەمەس بەلكى بىر ئىلاھنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن.

خۇدانى ئىپادىلەيدىغان ئالماش سۆزلەرمۇ كۆپلۈك ساندا كەلگەن.

● خۇدا: **بىز ئۆزىمىزنىڭ** ئوبرازى بويىچە، **ئۆزىمىزنىڭ** سىياقىدا ئىنسانلارنى يارىتايلى-دەيدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:26،27 )

● پەرۋەردىگار خۇدا: ئۇ ئادەم **بىزگە** ئوخشاپ قالدى-دەيدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:22 )

● خۇدا: **بىز** چۈشۈپ ئۇلارنىڭ تىلىنى قالايمىقانلاشتۇرۋېتىلى-دەيدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:7 )

● خۇدا: مەن كىمنى ئەۋەتىمەن، كىم **بىز** ئۈچۈن بارالايدۇ-دەيدۇ. (يەشايا 6:8 )

● ئىبراھىم پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: **ئۇلار** (خۇدا) مېنى باشقا يۇرتلارغا مۇساپىر قىلىپ چىقارغاندا... (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 20:13 )

● **ئۇلار** (خۇدا) بەيتەلدە ياقۇپ پەيغەمبەرگە كۆرۈنىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 35:7 )

● **ئۇلار** (خۇدا) ئىسرائىللارغا يېقىنلىشىدۇ. (قانۇن شەرھى 4:7 )

● **ئۇلار** (خۇدا) ئىسرائىللارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. (سامۇئىل ئىككىنچى پۈتۈك 7:23 )

● **ئۇلار** (خۇدا) يەر يۈزىدە سوراق قىلىدۇ. (زەبۇر 58:11 )

بەزى ئايەتلەردە خۇدانىڭ ئىككى ياكى ئۈچ شەخسلىك ھالىتىنىڭ ھەممىسى خۇدا دەپ ئاتىلىدۇ.

● **خۇدا** گۈڭگۈرت ۋە ئوتنى ئاسماندىكى **خۇدانىڭ** دەرگاھىدىن سودوم ۋە گومورا شەھىرىگە چۈشۈرىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24 )

● ئى **خۇدا**، سېنىڭ تەختىڭ مەڭگۈلۈكتۇر، سەلتەنىتىڭ ئادالەتلىكتۇر... شۇڭا **خۇدا**، يەنى **سېنىڭ ئىلاھىڭ**، سېنى شاتلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى، ھەمراھلىرىڭدىن يوقۇرى قىلدى. (زەبۇر 45:6،7 )

● مەن **خۇدادۇرمەن**، مەن باش ھەم ئاخىردۇرمەن... **خۇدا** مېنى ۋە ئۆزىنىڭ روھىنى ئەۋەتتى. قۇتقۇزغۇچىڭ خۇدا، ئىسرائىلنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: مەن خۇدا سېنىڭ ئىلاھىڭدۇرمەن. (يەشايا 17-48:12 ) (بۇ ئايەتتىكى ئەۋەتكۈچى خۇدا بىلەن سۆزلەۋاتقان خۇدا بىر شەخس ئەمەس)

● خۇدا ھوشىئا پەيغەمبەرگە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا لورۇھاماخ دەپ ئىسىم قويغىن، چۈنكى **مەن** ئەمدى ئىسرائىللارغا رەھىم قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيمەن. بەلكى يەھۇدالارغا رەھىم قىلىمەن. ئۇلارنى ئوقيا،قىلىچ،ئۇرۇش،ئات ۋە چەۋەندازلارغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى **پەرۋەردىگارى خۇداغا** تايىنىپ قۇتقۇلدۇرىمەن. (ھوشىئا 1:6،7 ) ( بۇ ئايەتتىمۇ «پەرۋەردىگارى خۇدا» بىلەن سۆزلەۋاتقان خۇدا ئوخشىمىغان ئىككى شەخس)

● كونا ئەھدىدە ئۈچتىن تەركىپ تاپقان دۇئا، تىلەك ۋە مەدھىيەلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 48:15،16 ، نوپۇس سانى 6:24،26 ، يەشايا 6:3 ، دانىيال 9:19 )

● پەرۋەردىگار خۇدا بىزنىڭ سوراق قىلغۇچىمىز، خۇدا بىز ئۈچۈن قانۇن تورغۇزۇپ بەردى، خۇدا بىزنىڭ پادىشاھىمىز. (يەشايا 33:22 )

● ئىشنى پۈتكۈزگۈچى خۇدا، ئۇنى ياساپ تۇرغۇزماقچى بولغان خۇدا، نامى يەھۋا بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ... ( يەرەمىيا 33:2 )

● مۇقەددەس ئاتا (تەۋرات-قانۇن شەرھى 32:6 ، يەشايا 63:16 ، 64:8 ، مالاكى 2:10 )

● خۇدانىڭ سۆزى، خۇدانىڭ ئەلچىسى، خۇدانىڭ ئوغلى ( تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:7-14 ، 21:17-18 ، 22:9-18 ، 28:10-22 ، 32:22-32 ، مىسىردىن چىقىش 3:6 ، 13:21 ، 23:20-22 ، نوپۇس سانى 22:21-41 ، سەردارلار 2:1-5 ، 6:7-24 ، 13:3-22 ، ساموئىل ئىككىنچى پۈتۈك 24:16 ، زەبۇر 2:7، 110:1 ، يەشايا 7:14 ، 9:6 ، 63:9 ، يەرەمىيا 23:5،6 ، پەندى-نەسىھەتلەر 30:4 ، زەكەرىيا 1:10،11 ، 12:8 ، مالاكى 3:1 )

● مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى ( نەھەمىيا 9:20 ، ئايۇپ 26:13 ، 33:4 ، زەبۇر 104:30 ، 106:32،33 ، 139:1-24 ، 143:10 ، ساموئىل ئىككىنچى پۈتۈك 23:1،3 ، يەشايا 11:2 ، 40:13 ، ئىزەكىيال 11:5 ، مىكا 2:7 )

● تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىش 1-باپتا، خۇدا ئۆزىنىڭ روھى ۋە سۆزى ئارقىلىق ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى يارىتىدۇ.

● زەبۇرنىڭ 33-باب 6-ئايىتىدىمۇ يوقۇرقى ئىش تىلغا ئېلىنىدۇ.

● يەشايا پەيغەمبەر 42-باب 1-ئايەتتە، خۇدا ھەمدە ئۇنىڭ روھى ۋە تاللانغۇچى (مەسىھ) بىرلا ۋاقىتتا تىلغا ئېلىنىدۇ. خۇدانىڭ ئۇلار ئارقىلىق ھەقىقەتنى دۇنياغا تارقىتىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

● يەشايا پەيغەمبەر 48-باب 12-16 ئايەتلەردە، باش ۋە ئاخىر بولغۇچى، يەنى خۇدانىڭ پەرۋەردىگار خۇدا تەرىپىدىن دۇنياغا ئەۋەتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

● ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كىلىشتىن 700 يىل بۇرۇن ياشىغان يەشايا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق بىشارەت قىلىدۇ، كەلگۈسىدە خۇدانىڭ خۇش خەۋىرى (يەنى ئىنجىل) نى ئېلىپ كەلگۈچى، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى بىلەن مەسىھ قىلىنىدۇ، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بولىدۇ (يەشايا 61:1) . ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەرۋەردىگار خۇدا... مەن خەلقىم بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزەيمەن، ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا تونۇلىدۇ، جاھان ئەھلى ئۇلارنى خۇدا بەخت ئاتا قىلغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى دەپ تونۇيدۇ. (يەشايا 61:8 )

● يەشايا پەيغەمبەر 63-بابتا، پەرۋەردىگار خۇدا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى شۇنداقلا مۇقەددەس روھ قۇتقۇزۇلۇش شەپقىتىنى ئېلىپ كىلىدۇ-دىيىلگەن.

ئۈچ شەخس ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن خۇدا ئۆز تەبىئىتىدىكى مۇكەممەل مىھىر-مۇھەببەتنى نامايەن قىلىدۇ.

● ئەگەر ئۇلۇغ مەۋجۇدات ھىساپلانغان خۇدا چوقۇم مۇكەممەلدۇر. مۇكەممەل بولغان مەۋجۇدات چوقۇم مىھىر-مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. مىھىر-مۇھەببەت ئەخلاق جەھەتتىكى بىر خىل مۇكەممەللىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى بېغىشلاش مۇھەببەتنىڭ ئەگ يۇقىرى پەللىسى ۋە ماھىيىتى بولۇپ، خۇدانىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان مىھىر-مۇھەببەت باردۇر، بۇ مۇھەببەت مۇكەممەل ھەم مەڭگۈلۈكتۇر.

● خۇدا ئىنسانلارنى ياراتمىغان چاغدىمۇ مىھىر-مۇھەببەتلىك ئىدى.

● ئىنجىلدا، خۇدانىڭ ئۆزى مىھىر-مۇھەببەتتۇر دېيىلگەن. دۇنيا ئاپىرىدە بولمىغاندىلا، ئۈچ بىرلىكتىكى خۇدا مىھىر-مۇھەببەت ئىچىدە بىر ئىدى.

● ئىسلام ئاللانى بىر شەخس بىر ماھىيەت دەپ قارايدۇ، بۇنداق بولغاندا دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا مىھىر-مۇھەببەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇد بولالمايدۇ، ئۇ چوقۇم مىھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش ئوبيېكتى بولغان بىر قىسىم مەۋجۇداتلارنى يارىتىشى كېرەك. شۇڭا قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئاللانىڭ رەھىمدىللىكى ھەرگىزمۇ ئىنجىلدا دېيىلگەن «خۇدانىڭ ئۆزى مىھىر-مۇھەببەتتۇر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ.

● ئۈچ بىرلىك تەلىماتى يەنى خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ئۈچ بىرلىكنىڭ ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشى، خۇدانىڭ بىر مەنبەلىك تەلىماتىدىن (مەسىلەن ئىسلام دىنىدىن) تېخىمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

● مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ ماھىيەت جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل بىر خۇدادۇر، گەرچە ئۇلار ئوخشىمىغان ئۈچ شەخس ھالىتىدە نامايەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئۈچى مىھىر-مۇھەببەتكە تولغان بىر ئورتاق گەۋدىدۇر. ئۇلار زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆزئارا تولۇق تەسىرلىشەلەيدۇ.

● مۇقەددەس ئوغۇل مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىزگە مۇقەددەس ئاتىنى بىلدۈرۈپ، بىزنى خۇدانىڭ بالىلىرى قىلىدۇ. ئۇ ئارقىلىق بىز ئەمدى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان ئادەتتىكى مەخلۇقاتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولالايمىز.

ئىسلامنىڭ «يېگانە ئىلاھى» مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ «ئۈچ بىرلىك ئىلاھى» دىن ئىلغارمۇ؟

● مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىن ئاساسلىقى دىنى ئەقىدە ۋە ئەمرىمەرۇپلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئادەمنىڭ ئەقلى بىلەن بىر قىسىم ئەقىدە ۋە ئەمرىمەرۇپلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەقىدە ۋە ئەمرىمەرۇپلاردىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلار خۇدا ئىنسانلارغا پەقەت ئۆزىنىڭ دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ئەمرىمەرۇپلىرىنىلا ۋەھى قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

● ئەمما ئەڭ مۇھىمى، بۇلار راستىنلا خۇدادىن كەلگەن ۋەھىلەرمۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتمۇ؟ بىزنى قۇتقۇزالامدۇ؟ ـ دىگەنلەرنى چوقۇم ئويلىشىپ بېقىش كېرەك.

● مەسىھلەر خۇدانىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ھىس قىلالايدۇ. مەڭگۈ ھايات بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا بىلەن ھاياتلىق جەھەتتە ئۆز ئارا باغلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ ۋەھىسى(سۆزى) دۇر، ئۇنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. ئىنسان پەقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، ئەيسا مەسىھ ئارقىلىقلا خۇدانىڭ ھوزۇرىغا بارالايدۇ.

● ئىنسان ھەرقانچە بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پۈتكۈل ئالەمنى ياراتقان قۇدرەتلىك خۇدانى تونۇپ يېتەلمەيدۇ، تاكى خۇدا ئۆزى ئىنسانلارغا ۋەھى قىلمىغۇچە.

● ئادەم ھەرقانچە ئىخلاسمەن بولسىمۇ، تەقۋادار بولۇشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، خۇدا ئالدىدا يەنىلا ناپاك ۋە گۇناھكاردۇر (بۇنى ھەر بىر ئادەم ئۆز قەلبىدىن سوراپ باقسا بولىدۇ). ئادەم ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ھەققانى سورىقىدا گۇناھىم يوق دەپ تىك تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئەيسا مەسىھنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارغا خۇدانى ئايان قىلىدۇ. ئۇ ئادەملىك سالاھىيتى بىلەن ئارىمىزغا كىلىپ بىزنىڭ گۇناھىمىزنى يۇيىدۇ. بىراق ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىلاھتۇر.

● ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق يېزىلغان خاتىرىلەر بىلەن باشقا تارىخى مەنبەلەردىكى خاتىرىلەر ئۆزئارا ماسلىشىدۇ.

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەرشتە، زىمىندا ۋە ئىنسان قەلبىدە مەۋجۇت بۇلالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ، ھەم بۇنىڭ سىرىنى چۈشىنىدۇ.

● بىز ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھىمىزنى يۇيىشىنى قۇبۇل قىلساق، ئۇنىڭغا ئەگەشسەك، ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ ئىگىسى دەپ ئېتىراپ قىلساق، مۇقەددەس روھ

قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ، بىزنى يېتەكلەيدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا كىرىشى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشى، ئۇلارغا خۇدانى تونۇتىدۇ. مەسىھ ئىتىقاتچىلىرى خۇدانى خۇددى ئۆز ئاتىسىنى چاقىرغاندەك «خۇدا ئاتا» دەپ چاقىرالايدۇ. ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان تونۇشى ئادەمنىڭ چەكلىك ئەقىل-پاراستى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈچ بىرلىكتىكى ئاشۇ خۇدانى بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.